ژۇرنال ژانىر پىژ-پىژ

پارىژ بۇژغۇن ئېنژېنېر

گاژ-گاژ پۇرژىنا پىژغىرىم

مىژ-مىژ غاژ-غۇژ چېرتيوژ

بۇ ژورنال پارىژدا بېسىلدۇ.

ۋ W

ۋ ـۋ

ۋەدە بوۋا باغۋەن ئاقىۋەت

ۋاقىت ۋەتەن ناۋات

ۋەزىپە ۋىجدان ئەۋلىيا

داۋۇت ۋەزىر ئايۋان

ۋەتەن ئۆچۈن بارلىقىمىز پىدا بولسۇن!

## ئۈچىنچى دەرس

### فونېتىكا توغرۇلۇق قىسقىچە چۈشەنچە

### ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش – ئۇچرىماسلىقىغا قاراپ سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سوزۇق تاۋۇشلار**

| ئا، ئە، ئې، ئى، ئۇ، ئو، ئۆ، ئۈ | | | |
|---|---|---|---|
| ئارا سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار | تىل ئورنى<br>لەۋ ئورنى |
| ئى، ئې | ئا | ئە | لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار |
| | ئۇ، ئو | ئۈ، ئۆ | لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار |



**ئۈزۈك تاۋۇشلار**

| ب، پ، ت، ج ، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف ، ق ، گ، ك، ل، م، ن، ھ ، ۋ، ي. | |
|---|---|
| جاراڭلىق | جاراڭسىز |
| ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ ، ڭ، ل، م، ن، ۋ، ي، ھ. | پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك |

**تېكىست**

I

-بۇ نېمە؟

-بۇ گېزىت.

-بۇ نېمە گېزىت؟

-بۇ«يېڭى ھايات گېزىتى».

-بۇ بۈگۈنكىمۇ؟
-ياق، بۈگۈنكى ئەمەس، تۈنۈگۈنكى.
-ئۇ نېمە؟
-ئۇ ژورنال.
-ئۇ نېمە ژورنال؟
-ئۇ « ئىتتىپاق ژورنىلى»
-ئۇ ژورنال قانداق؟
-ناھايىتى ياخشى.

II

**تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇڭ ۋە كۆچۈرۈپ يېزىڭ.**

بۇ خەرىتە. بۇ دۇنيا خەرىتىسى. بۇ يېڭى ۋە چوڭ. ماۋۇ ئاسىيا قىتئەسى.ماۋۇ ئافرىقا قىتئەسى. ماۋۇ ياۋروپا قىتئەسى. ئاۋۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى. ماۋۇ شەرقىي تۈركىستان. شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن. ماۋۇ قازاقىستان. ئاۋۇ موڭغۇلىيە ۋە رۇسىيە. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرىداش. ماۋۇ قىرغىستان. ئۇ ناھايىتى يېقىن. ماۋۇ ئەنگلىيە. ئاۋۇ ئامېرىكا. ئۇلار بەك يىراق.



**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Birinci | بىرىنچى |
| Yeni Hayat Gazetesi | «يېڭى ھايات گېزىتى» |
| Bugünün | بۈگۈنكى |
| Hayır | ياق |
| Değil | ئەمەس |
| Dünün | تۈنۈگۈنكى |
| İtifak Dergisi | ئىتتىپاق ژورنىلى |
| Harita | خەرىتە |
| Dünya Haritası | دۇنيا خەرىتىسى |
| Bu | بۇ |
| Asya | ئاسىيا |
| Avrupa | ياۋروپا |
| Afrika | ئافرىقا |

| | |
|---|---|
| Kuzey Amerika | شىمالىي ئامېرىكا |
| Doğu Türkistan | شەرقىي تۈركىستان |
| Yüce,Uluğ | ئۇلۇغ |
| Kazakistan | قازاقىستان |
| Moğolistan | موڭغۇلىيە |
| Rusya | رۇسىيە |
| Sınırlı | چېگرىداش |
| İle | بىلەن |
| Kırgızistan | قىرغىزىستان |
| Yakın | يېقىن |
| İngiltire | ئەنگلىيە |
| Amerika | ئامېرىكا |

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر**

هازىر دەرس باشلايمىز
هازىر دەرستىن چۈشىمىز
دەرس باشلا
دەرستىن چۈش



**كۆنۈكمە**

1- ئۆتۈلگەن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يادقا ئېلىڭ.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1. Doğu Türkistan bizim yüce vatanımız.
2. Moğolistan Doğu Türkista ile sınırlıdır, Kazakistan, Kırgızistan da Doğu Türkistan ile sınırlıdır.
3. Özbekistan çok yakın, ingiltire ve Amerika çok uzak.
4. Bu dünya haritası bizim mi?
5. Bu bugünün gazetesi, o dünün gazetesi.
6. Bende Uygurca dergi var, Türkçe dergi yok.

# تۆتىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

مەن ئوقۇغۇچى (مەن).

ئۇ مۇئەللىم ئەمەس (تۇر). ئۇ دوختۇر (دۇر).

### جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| مەن | ئوقۇغۇچى | (مەن) |
| سەن | | (سەن) |
| سىز | | (سىز) |
| ئۇ | | (دۇر) |

II

| | | |
|---|---|---|
| بىز | دوختۇر | (مىز) |
| سىلەر | | (سىلەر) |
| ئۇلار | | (دۇر) |

III

| | | |
|---|---|---|
| مەن | مۇئەللىم | ئەمەس (مەن) |
| سەن | | ئەمەس (سەن) |
| سىز | | ئەمەس (سىز) |
| ئۇ | | ئەمەس (دۇر) |